# 13726 - شەبان ئېيىنىڭ كيىنكى يېرىمىدا روزا تۇتۇشنىڭ چەكلەنگەنلىكى توغرىسىدا

## سوئال

شەبان ئېيىنىڭ يېرىمىدىن كېيىن روزا تۇتۇش توغرا بولامدۇ؟ چۈنكى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەبان ئېيىنىڭ يېرىمىدىن كېيىن روزا تۇتۇشتىن چەكلىگەنلىكى توغرىسىدا ھەدىس ئاڭلىغان ئىدىم؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىم بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«شەبان ئېيى يېرىملاشقاندا روزا تۇتماڭلار»** [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى3237-ھەدىس. ئىبنى ماجە1651-ھەدىس. تىرمىزى رىۋايىتى 738-ھەدىس. شەيخ ئەلبانى رەھمەھۇللاھ سەھىھ دەپ تىرمىزىنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا 590-نومۇرلۇق ھەدىستە كەلتۈرگەن].

بۇ ھەدىس شەئبان ئېيىنىڭ يېرىمىدا يەنى ئون ئالتىنچى كۈندىن باشلاپ ئاخىرغىچە روزا تۇتۇشتىن چەكلەنگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

لېكىن شەئبان ئېيىنىڭ يېرىمىدا روزا تۇتسا دۇرۇس بولىدىغانلىقى توغرىسىدىمۇ ھەدىس بايان قىلىنغان: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«رامىزاندىن بىر كۈن ياكى ئىككى كۈن بۇرۇن روزا تۇتماڭلار، پەقەت شۇ كۈنلەردە روزا تۇتۇپ ئادەتلەنگەن كىشى بولسا روزا تۇتسا بولىدۇ.»** [بۇخارى رىۋايىتى1914-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 1082-ھەدىس].

بۇ ھەدىس روزا تۇتۇپ ئادەتلەنگەن كىشى ئۈچۈن شەباننىڭ يېرىمىدىن كېيىنمۇ روزا تۇتسا دۇرۇس بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. يەنى بىر كىشى دۈشەنبە، پەيشەنبە روزا تۇتۇپ ياكى بىر كۈن روزا تۇتۇپ بىر كۈن تۇتماي ئادەتلەنگەن بولسا روزا تۇتىدىغان كۈنى شۇنىڭغا توغرا كەلسە روزا تۇتسا دۇرۇس بولىدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەبان ئېيىنىڭ كۆپ قىسمىدا روزا تۇتاتتى.»** [بۇخارى رىۋايىتى1970- مۇسلىم رىۋايىتى1156-ھەدىسلەر].

ئىمام نەۋەۋىي رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەئبان ئېيىنىڭ كۆپ قىسمىدا روزا تۇتاتتى دېگەن سۆزى، شەئبان ئېيىنىڭ ئون بەشىدىن ئىلگىرىمۇ روزا تۇتقان كىشىنىڭ شەئبان ئېيىنىڭ يېرىمىدىن كېيىنمۇ روزا تۇتسا دۇرۇس بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

شاپىئى مەزھەب ئۆلىمالىرى بۇ ھەدىسنىڭ ھەممىسىگە ئەمەل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "شەئبان ئېيىنىڭ ئاۋۋىلىدە روزا تۇتقان ياكى روزا تۇتۇپ ئادەتلەنگەن كىشىدىن باشقىلارنىڭ شەئبان ئېيىنىڭ يېرىمىدىن كېيىن روزا تۇتۇشى توغرا بولمايدۇ.

مانا بۇ كۆپچىلىك شاپىئى مەزھەب ئۆلىمالىرىنىڭ توغرا قارىشى بولۇپ ھەدىستىكى چەكلىمە تەھرىم(ھارام) ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

يەنە بىر قىسىم شاپىئى مەزھەب ئۆلىمالىرى (روييانىغا ئوخشاش) ھەدىستىكى چەكلىمە ھارامنى ئەمەس بەلكى ياخشى كۆرۈلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ دەيدۇ. ["ئەل مەجمۇئ" 6-توم 399-400-بەت، "پەتھۇلبارى" 4-توم 129-بەتكە قارالسۇن].

ئىمام نەۋەۋىي رەھمەھۇللاھ :**«ياخشى كىشىلەر باغچىسى»** 412-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: شەبان ئېيى يېرىم بولغاندىن كېيىن ئاينىڭ ئاۋۋىلىدە ياكى دۈشەنبە، پەيشەنبە كۈنلىرى روزا تۇتۇپ ئادەتلەنگەن كىشىدىن باشقىلارنىڭ روزا تۇتۇشىنىڭ چەكلەنگەنلىكى توغرىسىدىكى باپ.

كۆپچىلىك ئۆلىمالار شەئباننىڭ يېرىمىدىن كېيىن روزا تۇتۇشنىڭ چەكلەنگەنلىكى توغرىسىدىكى ھەدىسنى زەئىپ دەپ قارىغان بولۇپ، بۇنىڭغا ئاساسەن: شەئباننىڭ يېرىمىدىن كىيىن روزا تۇتۇش ئۆچ كۆرەلمەيدۇ دەپ قارايدۇ.

ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: كۆپچىلىك ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: شەئبان ئېيى يېرىم بولغاندىن كېيىنمۇ نەپلە روزا تۇتۇش دۇرۇس بولىدۇ، ئۇلار بۇ توغرىدا كەلگەن ھەدىسنى زەئىپ دەپ قارىغان، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ۋە ئىبنى مەئىين مۇنكەر دېگەن، (پەتھۇلبارى دىن ئېلىندى)، بەيھەقى ۋە تەھاۋىيمۇ بۇ ھەدىسنى زەئىپ دېگەن.

ئىبنى قۇدامە رەھمەھۇللاھ "ئەلمۇغنى" ناملىق ئەسەردە بۇ ھەدىس توغرىسىدا ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: بۇ ھەدىس ئىبىسدە تۇتىلىدىغان ھەدىس ئەمەس، بىز ئابدۇرەھمان ئىبنى مەھدىدىن بۇ ھەدىس توغرىسىدا سورىساق، بۇ ھەدىسنى سەھىھ ئەمەس دەپ ماڭا سۆزلەپ بەرمىدى، ئۇ بۇ ھەدىسنى سۆزلەشتىن ساقلىناتتى، ئىمام ئەھمەد مۇنداق دەيدۇ: بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچى ئەلا دېگەن راۋى ئىشەنچلىك بولۇپ ئۇنىڭ مۇشۇ ھەدىستىن باشقا ھەدىسلىرى ئىنكار قىلىنمايدۇ.

ئەلا دېگەن ئەلا ئىبنى ئابدۇرەھمان دېگەن كىشى بولۇپ ئۇ كىشى بۇ ھەدىسنى دادىسىدىن دادىسى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ "تەھزىيب ئەسسۇنەن"دە بۇ ھەدىسنى زەئىپ دېگەن كىشىلەرگە جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: بۇ مۇسلىمنىڭ شەرتىگە ئۇيغۇن بولغان سەھىھ ھەدىس بولۇپ، ئەلانىڭ بۇ ھەدىسنى يالغۇز رىۋايەت قىلىشى ھەدىسنىڭ سەھىھ ئىكەنلىكىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ چۈنكى ئەلا دېگەن ئىشەنچىلىك راۋىيدۇر. ئىمام مۇسلىم ئۆزىنىڭ سەھىھ كىتابىدا ئەلانىڭ دادىسىدىن دادىسىنىڭ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر قانچە ھەدىسلىرىنى كەلتۈرگەن، باشقا ھەدىس توپلاملىرىدىمۇ ئىشەنچىلىك راۋىيلارنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن يالغۇز رىۋايەت قىلغان ھەدىسلىرى كۆپ بولۇپ، مۇسۇلمانلار بۇنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۇنىڭ ھۆكمىگە ئەمەل قىلغان.   يەنە مۇنداق دەيدۇ: بەزىلەر بۇ ھەدىس شەئبان ئېيىدا نەپلە روزا تۇتۇشنى دۇرۇس دېگەن ھەدىسلەرگە زىت كېلىدۇ دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ھەدىسلەرنىڭ ئارىسىدا زىتلىق يوق، چۈنكى شەبانىنىڭ يېرىمىدىن كېيىن روزا تۇتۇش دۇرۇس دېيىلگەن ھەدىس شەبانىنىڭ ئەۋۋىلىدىن باشلاپ روزا تۇتقان بولسا كېيىنكى يېرىمىدىمۇ روزا تۇتسا بولىدۇ شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ ئادەت قىلىۋالغان روزىسى بولسا ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدىمۇ تۇتسا بولىدۇ دېگەنلىكنى ئىپادىلەيدۇ، ئەلا ئىبنى ئابدۇراھماننىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسى بولسا، شەئبان ئېيى كىرگەندىن باشلاپ روزا تۇتمىغان ياكى مەلۇم كۈنلەردە روزا تۇتۇپ ئادەتلەنمىگەن كىشىلەرنىڭ ئاينىڭ يېرىمىدىن كېيىن قەستەن روزا تۇتۇشىنىڭ چەكلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ".

شەيخ ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھدىن: شەئبان ئېيى يېرىم بولغاندىن كېيىن روزا تۇتۇشتىن چەكلەنگەنلىك توغرىسىدىكى ھەدىس توغرىسىدا سورالغاندا؟ شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: قېرىنداشىمىز شەيخ ناسىرىددىن ئەلبانى ئېيتقاندەك بۇ ھەدىس سەھىھ، بۇ ھەدىستىن بولغان مەقسەت: شەئبان ئېيى يېرىم بولغاندىن باشلاپ روزا تۇتۇشنى باشلاش چەكلەنگەن، ئەمما بۇ ئاينىڭ كۆپ قىسمىدا ياكى ھەممىسىدە روزا تۇتقان كىشى سۈننەتكە مۇۋاپىق ئىش قىلغان بولىدۇ. "شەيخ ئىبنى باز پەتىۋالار مەجمۇئەسى"15-توم 385-بەت.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ"سالىھلار گۈلۈستانى"ناملىق ئەسەرىنىڭ شەرھىسى 3-توم 394-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "ھەتتا (شەئبان ئېيىنىڭ يېرىمىدىن كېيىن روزا تۇتۇش چەكلىنىدۇ)دېگەن ھەدىس سەھىھ بولغان تەقدىردىمۇ بۇ يەردىكى چەكلىمە ھاراملىقنى ئىپادىلىمەيدۇ بەلكى ياخشى كۆرۈلمەيدىغانلىقنى ئىپادىلەيدۇ، بەزى ئۆلىمالارمۇ مۇشۇنداق ھۆكۈم چىقارغان، ئەمما مەلۇم كۈنلەردە روزا تۇتۇپ ئادەتلەنگەن كىشىلەر بولسا شەئبانىنىڭ يېرىمىدىن كېيىنمۇ روزا تۇتسا بولىدۇ".

جاۋابنىڭ خۇلاسىسى: شەئبان ئېيىنىڭ يېرىمىدىن كېيىن روزا تۇتۇش ياقتۇرۇلماسلىق ياكى ھاراملىققا ئاساسەن چەكلىنىدۇ، پەقەت ئاي يېرىم بولۇشتىن ئىلگىرى روزا تۇتقان بولسا ياكى مەلۇم كۈنلەردە روزا تۇتۇپ ئادەتلەنگەن بولسا روزا تۇتسا بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.

شەبان ئېيىنىڭ يېرىمىدىن كېيىن روزا تۇتۇشتىن چەكلىنىشتىكى ھېكمەت بولسا، ئارقىمۇ-ئارقا روزا تۇتۇپ ئاخىرىدا رامىزان روزىسى تۇتۇشتىن ئاجىزلاپ قالماسلىق ئۈچۈندۇر.

بەزىلەر: شەبان ئېيىنىڭ ئەۋۋىلىدىن باشلاپ روزا تۇتسا بەك ئاجىزلاپ كېتىدۇ دەيدۇ.

بۇنىڭغا بېرىلىدىغان جاۋاپ: شەبان ئېيىنىڭ ئەۋۋىلىدىن باشلاپ روزا تۇتۇشقا ئادەتلەنگەن كىشى ئۈچۈن روزىنىڭ مۇشەققىتى ئاز بولىدۇ.

موللا ئەلى قارى مۇنداق دەيدۇ: "ھەدىستىكى چەكلىمە بولسا: قىزغىنلىق بىلەن رامىزان روزىسىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشتىن ئاجىزلاپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۈممەتكە قىلىنغان رەھمەتتۇر. ئەمما شەئبان ئېيىدا تولۇق روزا تۇتقان كىشى دېگەن: روزا تۇتۇشقا كۆنۈپ كېتىدۇ، روزا تۇتۇش بىلەن دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىق يوق بولىدۇ".

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.